### باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنى تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن بازار سۇبيېكتىنى ياخشى قوغداشقا رىغبەتلەندۈردى ــــ

# سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى بىزنىڭ «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن مۇھىم نۇقتىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى، تۈپ قوللانما بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مۇنداق بىلدۈردى: بازار سۇبيېكتىنى قوغدايدىغان، قوللايدىغان بىر قاتار سىياسەت تەدبىرلەرنى چىقىرىش ئاساسىدا، كېيىنكى قەدەمدە باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، كەڭ بازار سۇبيېكتلىرىنى نورمال مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان، شۇنداقلا تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان قىلىمىز.

## بازار سۇبيېكتىنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىگە ھەققىي ياردەم بېرىمىز

بازار سۇبيېكتى ئىقتىسادنىڭ ۋاستىسى، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلغانلىق جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە كاپالەتلىك قىلغانلىقتۇر.

شىنجاڭ باج ئىدارىسى 2 ـ باج شۆبە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى سۈن يۈلۈڭ مۇنداق دېدى: باج تارماقلىرى باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش پايدىسىنىڭ بازار سۇبيېكتىغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈلۈشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر قاتارلىق توپلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىق ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىغا مەدەت بېرىپ كۈچ قوشۇپ، تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەيدۇ، كېڭەيتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى ۋاڭ ۋېنمىڭ مۇنداق دېدى: سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش تارماقلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون چىقارغان ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى قوللايدىغان 16 سىياسەت تەدبىر، سانائەتنىڭ مۇقىم ئېشىشى ۋە رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان 20 سىياسەت تەدبىر ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنى قوللايدىغان 24 سىياسەت قاتارلىقلارنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى ئاساسىي قاتلامغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ھەرقايسى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى جەمئىي 366 مىليارد 400 مىليون يۈەن قەرز پۇل بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كارخانىلارنى پاي ھوقۇقى ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشقا پائال يېتەكلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چېن چۈەنجېن مۇنداق بىلدۈردى: پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنىڭ ئىلمىيلىكى، توغرىلىقى ۋە قولايلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، ھۆكۈمەت، بانكا، كارخانا ئۈچ تۈرلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، نۇقتىلىق تۈرلەرنى ئىلغاپ تاللاش ۋە تونۇشتۇرۇش مېخانىزمىنى قۇرۇشنى تېزلىتىش، بانكىلارنىڭ پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتى ۋە مۇلازىمىتىدە يېڭىلىق يارىتىشىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، كەڭ بازار سۇبيېكتلىرىنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرىمىز.

## بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىمىز

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى جاڭ يۈڭجياڭ مۇنداق بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ يىل «1+N» يۈرۈشلۈك تەدبىرلىرىنى چىقىرىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىددىيەسى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى قانۇن يۈرگۈزۈش ھۆكۈم ـ كېسىمىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانا، پۇل مۇئامىلىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق توققۇز تۈردىكى 86 ياندىش تەدبىر ھەم تىزىملىك دەپتىرى شەكلىدىكى ۋەزىپە تىزىملىكىنى ئورنىتىپ، قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتىدىكى ياندىش تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت كاپالىتى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدۇ.

بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغدىغانلىق يېڭىلىق يارىتىشنى قوغدىغانلىقتۇر. ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ياڭ خۇڭمېي مۇنداق دېدى: بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى رەنگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىمىز. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئايالاندۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش سالمىقىنى زورايتىپ، كارخانىلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىمىز.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھات ئىشخانىسىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ جيې مۇنداق دېدى: ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تىجارەت ـ سودا مۇھىتى ئۈنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قوبۇل قىلغان ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەھەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىدە «شەھەر ـ يېزىلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ۋە «يۈز كۆرۈشمەي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىدۇ.

## يېقىن، پاك ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىمىز

«باش شۇجى شى جىنپىڭ يېقىن، پاك ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. بىز كۆڭۈلىمىزنى توختىتىپ، كۆڭۈل قويۇپ، كارخانا، بازار ۋە سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، پۇقراۋى كارخانىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ياردەم بېرىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ياخشى تىرىكى بولۇپ، كارخانا بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىلىشىشىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان كۆۋرۈك سېلىشىمىز كېرەك». ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس گۇ خۇاشياڭ شۇنداق بىلدۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى تىزىملاش ـ رويخەتكە ئېلىش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى زو شىنمىن مۇنداق دېدى: «گۇۋاھنامە بىلەن كىنىشكىنى ئايرىش» «كۆپ خىل كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش» ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇچۇر دىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كارخانا قۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ۋاقتىنى زور كۈچ بىلەن قىسقارتىپ، توردا تىزىملىتىش ئىلتىماسىنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ ئەلا مۇلازىمەت ئارقىلىق بازار سۇبيېكتىنىڭ ساغلام، تېز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

بۇ يىل 4 ـ ئايدا، قاراماي شەھىرى «بىر ئىشنى بىر قېتىمدىلا بېجىرىش» بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى 50 ئىشنىڭ مۇندەرىجىسى ۋە ئىش بېجىرىش كۆرسەتمىسىنى ئېلان قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مۇندەرىجە يەنە 75كە كېڭەيدى. قاراماي شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى زالىنىڭ مەسئۇلى لۇ ياڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ مۇندەرىجىگە كىرگۈزۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسى كارخانا، ئاممىا كۆپ بېجىرىدىغان ئىشلار، بۇمۇ «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنىڭ يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈلۈشى. بىر قېتىملا ئۇقتۇرۇش قىلىش، بىر قېتىملا جەدۋەل تولدۇرۇش، بىر قېتىمدا بىرلىشىپ بېجىرىش، بىر قېتىمدىلا بېجىرىپ تاماملاش مېخانىزمى ۋە بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ماتېرىيال كەم بولسىمۇ بېجىرىش قاتارلىق خەلققە قولايلىق يارىتىش، كارخانىلارغا پايدا يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئاقىل ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنىڭ ئۈنۈمى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ، پۈتۈن شەھەردىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تىجارىتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**(مۇخبىر شى شىن، قاتناشقان مۇخبىرلار مېھرىگۈل ناسىر، ما يىنىڭ، ۋاڭ يۈڭفېي، ياڭ شۇخەن، رېن خۇا، جاڭ يۈنپېي، ۋاڭ يۈجاۋ، يۈەن لىپى، گې يۈۋجۈن، پىراكتىكانت جياڭ يىياۋ)**

# بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلغانلىق جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە كاپالەتلىك قىلغانلىقتۇر بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوغدايلى ۋە قوزغىتايلى

### ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

بازار سۇبيېكتى ئىقتىسادنىڭ كۈچ ۋاستىسى. بازار سۇبيېكتىنى ياخشى قوغداپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغاتقاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئاساسىي كۈچ توپلىغىلى بولىدۇ.

يېقىندا ئېچىلغان كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر كۆرسەتتى ھەم بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوغداش ۋە قوزغىتىش توغرىسىدا مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلىتىمىز كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك ئىشەنچ ۋە كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى، بۇ، كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بازار سۇبيېكتى جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى، جەمئىيەت بايلىقىنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ مەنبەسى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ «تۆۋرۈكى»، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى «موتور». ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تەدرىجىي ئورناتتى ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى، بازار سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرى جۇش ئۇرۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، دۆلىتىمىزدىكى بازار سۇبيېكتى 123 مىليونغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا 38 مىليون 580 مىڭغا، يەككە سودا ـ سانائەتچى 82 مىليون 610 مىڭغا يەتتى. بۇ بازار سۇبيېكتلىرى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق تەمىنلىگۈچىلىرى، تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق تۈرتكۈچىلىرى بولۇپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلق ئۇرۇشىغا پائال قاتنىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جاسارەت بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش بىلەن بىللە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچلۈك ماددىي تىرەك بىلەن تەمىنلەپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، تۇيۇقسىز تارقالغان يۇقۇم دۆلىتىمىز ئىقتىسادى ۋە دۇنيا ئىقتىسادىغا غايەت زور زەربە پەيدا قىلدى، دۆلىتىمىزدىكى نۇرغۇن بازار سۇبيېكتلىرى مىسلىسىز بېسىمغا دۇچ كەلدى. خەۋپ ـ خەتەر، خىرىس ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار بازار سۇبيېكتىنى قوغدايدىغان، قوللايدىغان بىر قاتار سىياسەت تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، ماكرولۇق سىياسەتنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇشتىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىشكىچە، تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاش ۋە تەشكىللەپ تۈرتكە بولۇشتىن، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشكىچە، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇقىم ياخشىلىنىش ۋەزىيىتىنىڭ كۆرۈلۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىش، يېقىن، پاك ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىش، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق تۆت جەھەتتىن ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى قوزغىتىپ، كەڭ بازار سۇبيېكتلىرىنى نورمال مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان، شۇنداقلا تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت.

بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوغداش ۋە قوزغىتىشتا، جەزمەن ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، تېخىمۇ ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك مالىيە سىياسىتى، تېخىمۇ پۇختا ـ جانلىق پۇل سىياسىتىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ماكرولۇق سىياسەتنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ۋاقىتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، داۋاملىق باجنى كېمەيتىپ، ھەقنى تۆۋەنلىتىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، ئۆسۈمنى تۆۋەنلىتىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى بىۋاسىتە ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش، بازار سۇبيېكتىغا بىۋاسىتە نەپ يەتكۈزۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، بازار سۇبيېكتىغا بولغان پۇل مۇئامىلە مەدەتتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدار پۇل مۇئامىلىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بازارلىق ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى بازىرىنى ئېچىشىغا مەدەت بېرىش كېرەك. بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىشتا، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى ياخشى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى، پۇقراۋى، چەت ئەل مەبلىغىدىكى قاتارلىق تۈرلۈك مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە باراۋەر قوغداپ، بازار ئىجازىتىدە پاسسىپ تىزىملىك تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىش قانۇنىنى ياخشى يولغا قويۇپ، بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇپ بېرىپ، سودا ۋە سېلىنمىنى قولايلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېقىن، پاك ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشتا، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، كارخانىچىلارنىڭ قەتئىي ئىرادە تىكلەپ مۇقىم ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، جۇڭگو بازىرىدا يىلتىز تارتىپ، جۇڭگو بازىرىنى چوڭقۇر ئېچىشىغا مەدەت بېرىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار كارخانىلار بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا ئالاقە قىلىشى، كارخانىچىلارنىڭ ئويلىغانلىرىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى ئىگىلىشى، كارخانىلارغا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈشتە، كارخانىچىلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھوقۇق ـ پۇل سودىسى، سودا پارىخورلۇقى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتى ۋە تىجارەت ـ سودا مۇھىتىغا زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشتە، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئىجارە ھەققى، باج، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا پائال ياردەم بېرىپ، تېخىمۇ بىۋاسىتە، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك سىياسەت جەھەتتىن ياردەم بېرىش ـ يۆلەش بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

جۇڭگو ئىقتىسادى بىر بىپايان دېڭىز، بىپايان دېڭىزنىڭ چوڭ بولۇشى ئېلاستىكلىقىنىڭ كۈچلۈك، يوشۇرۇن كۈچىنىڭ يېتەرلىك، ئايلىنىش ئىمكانىيىتىنىڭ چوڭ بولغانلىقىدا. يۈز مىليونلىغان بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچى قوزغىتىلسا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈزلۈكسىز جۇشقۇن ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە ئىگە بولىدۇ. تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن بازار سۇبيېكتىنى ياخشى قوغداپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ئىجاد قىلىش ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى ۋە قۇدرەتلىك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تولۇق قويۇپ بەرسەك، بىز چوقۇم پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىش ئاساسىي يۈزلىنىشىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىيەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**